# ئىسرائىل ئەۋلادىنى پەيغەمبەرلەر باشقۇراتتى، ھەر قاچان بىر پەيغەمبەر ۋاپات بولسا ئورنىغا يەنە بىرى كېلەتتى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، مەندىن كېيىن كۆپ خەلىپىلەر بولىدۇ

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىسرائىل ئەۋلادىنى پەيغەمبەرلەر باشقۇراتتى، بىر پەيغەمبەر ۋاپات بولسا ئورنىغا يەنە بىرى كېلەتتى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، مەندىن كېيىن كۆپ خەلىپىلەر بولىدۇ» دېدى، ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!، بىزنى نېمىگە بۇيرۇيلا؟ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاۋۋالقىسىنىڭ، ئاندىن ئۇنىڭ كەينىدىكىسىنىڭ بەيئىتىگە ۋاپا قىلىڭلار، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ ھەققىنى ئاللاھدىن تەلەپ قىلىڭلار، ئاللاھ ئۇلاردىن ئۆزى ئىگە قىلغان نەرسىلەردىن ھېساب ئالىدۇ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەرلەر ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىشىغا ئەمىر ۋە ۋالىلار خەلىقنى ئىدارە قىلغاندەك ئىدارە قىلاتتى، بىر پەيغەمبەر ۋاپات بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر پەيغەمبەر كىلەتتى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، كۆپ خەلىپىلەر كىشىلەرنى باشقۇرىدۇ، ساھابىلار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن): خەلىپىلەر كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جىدەللىشىش ۋە تالاش-تارتىش بولۇپ قالسا بىزنى نېمە قىلىشقا بۇيرۇيلا؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاپ بېرىپ: «ئەۋۋەلقىنىڭ بەيئىتىگە ۋاپا قىلىڭلار، گەرچە ئۇلار سىلەرگە ھەققىڭلارنى بەرمىسىمۇ، سىلەر ئۇلارغا ھەققىنى بېرىڭلار، چۈنكى ئاللاھ ئۇلاردىن سىلەرنىڭ ھەققىڭلار تۇغرۇلۇق ھېساب ئېلىپ، سىلەرگە ئۇلاردىكى ھەققىڭلارغا ئاساسەن ساۋاپ بېرىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4936